
«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى بىلەن چوڭ كىت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى بىلەن چوڭ كىت

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو - سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目（C I P）数据

小不点儿. 小海螺和大鲸鱼：维吾尔文 / 新疆儿童文学研究会编；龙喜汇动漫公司绘；帕丽达·买买提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2015.12

ISBN 978-7-5469-7834-5

Ⅰ. ①小… Ⅱ. ①新… ②龙… ③帕… Ⅲ. ①儿童文学 – 图画故事 – 中国 – 当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 280893 号

策　　划：于文胜
责任编辑：迪娜·迪里木拉提
责任校对：迪力夏提·买买提
责任复审：茹鲜古丽·吐尔逊
责任决审：艾尼瓦·库迪力克
责任印制：刘伟煜

书　　名　小不点儿绘本丛书 —— 小海螺和大鲸鱼（维吾尔文）
译　　者　帕丽达·买买提
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市沙依巴克区克拉玛依西街 1100 号（邮编 830091）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
印　　刷　新疆新美大厦文化传媒有限责任公司
开　　本　889 mm × 1194 mm　1/16　　印　　张　2
版　　次　2015 年 12 月第 1 版　　印　　次　2017 年 12 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7834-5　　定　　价　10.00 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）




قاراڭ، كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى ئۆزىنىڭ شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى بىلەن كۈمۈش رەڭدە مايماق ـ سايماق قىلىپ بۇ جۈملىنى يازدى: «مېنى دېڭىزدىن ئېلىپ چىقىپ، يىراق ـ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىڭ، بولامدۇ؟!».

ھېكايىمىز تولىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ، كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى بىلەن چوڭ كىت ھەققىدە توختىلىمىز.

كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بار...

كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا چوڭ كىت بىلەن دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ...

كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ يازغان مايماق ـ سايماق خەتلىرىنىڭ چوڭ رول ئويناپ، چوڭ كىتنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىنى كىممۇ ئويلاپ باققان دەيسىز...





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېكايىمىز تولىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ، بىر كىچىك دېڭىز قۇلۇ-
لىسى بىلەن بىر چوڭ كىت ھەققىدە توختىلىمىز.



بۇ خۇددى كۆمۈردەك قاپقارا بىر قورام تاش ئىكەن.
مانا بۇ ھېلىقى دائىم ئالدىراشلا يۈرىدىغان كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى.

ئۇ دائىم قورام تاش ئۈستىدە بىردە دېڭىزغا، بىردە پورتتى-
كى چوڭ پاراخوتلارغا قاراپ، ئۇھسىنغان ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە:
«دۇنيانىڭ چېكى يوق، دېڭىزنىڭ تېگى يوق! مەنمۇ دېڭىز سەپە-
رىگە چىقىپ يىراق جايلارغا بارالىغان بولسام قانداق ياخشى
بولاتتى ـ ھە!» دەيدىكەن.




ئەتر گۆل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



قورام تاش ئۈستىدە يەنە نۇرغۇن كىچىك دېڭىز قۇلۇللىرى بار بولۇپ، ئۇلار مىدىر ـ سىدىر قىلماي دائىم ئالدىراش كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسىغا نەسىھەت قىلىدىكەن: «خام خىيال قىلما! سەنمۇ مىدىر ـ سىدىر قىلماي، جايىڭدا جىم تۇرغىن!».

كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئاخىر چىدىيالماي ۋارقىراپ كېتىپتۇ: «مەن چوقۇم بىر پاراخوتنى توسۇپ ئۇنىڭغا چىقىۋالىمەن! مەن چوقۇم ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن!»



قاراڭ، شۇنىڭ بىلەن كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى ئۆزىنىڭ تېنىدىكى شىلىمشىق سۇيۇقلۇقتىن پايدىلىنىپ كۈمۈش رەڭدە مايماق ـ سايماق قىلىپ بۇ جۈملىنى يېزىپتۇ: «مېنى دېڭىزغا ئېلىپ چىقىپ، يىراق ـ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىڭ، بولامدۇ!»




گېلاسى ئاكسلك پەخرى




www.uyghurkitap.com

يولتۇزلار چاقناپ، شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلگەن ئاخشىمى، غايەت زور بىر كىت دېڭىز يۈزىگە چىقىپتۇ. ھەم چوڭ ھەم ئۇزۇن بۇ كىت كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسىغا گۈزەل ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىپتۇ،
يەنە رەڭگارەڭ مارجان ئۆڭكۈرى، پارقىراپ تۇرغان مۇزلۇقلار، ئۆر-
كەشلەپ ئېقىۋاتقان دولقۇنلار، كېچە ئاسمىنىدىكى ئاقار يۇلتۇزلار توغ-
رىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ.




مانا قاراڭ، كىتنىڭ بۇ چوڭ قۇيرۇقىنى كۆرگەنسىز.
كىت قۇيرۇقىنى ئاۋايلاپقىنە قورام تاش يېنىغا ئۇ-
زىتىپ: «سەن مېنىڭ قۇيرۇقىمغا چىقىۋالغىن، مەن سېنى يىراق جايلارغا ئاپىرىپ كېلەي» دەپتۇ.






قاراڭ، سۈيى جۇش ئۇرۇپ ئۆركەشلەۋاتقان چەكسىز كەتكەن دېڭىزدا چوڭ كىت قۇيرۇقى بىلەن كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسىنى ئېلىپ ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ.
كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى بولسا كىتنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىغا چىڭ يېپىشىۋاپتۇ.



www.uyghurkitap.com


ئۇلار مۇز تاغلاردىنمۇ ئۆتۈپ، ناھايىتى يىراقلارغا كېتىپتۇ.



ئۇ يەردە قۇرۇقلۇق، يانار تاغ يەنە ئالتۇن رەڭلك دېڭز ساهلى بار ئكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈچلۈك دېڭىز دولقۇنى مەۋج ئۇرۇپ، دېڭىز سۈيىنى ھەر يانغا چاچرىتىپ، كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ ئۈستى ـ بېشىنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ كىچىك جانىۋار چوڭ كىتنىڭ قۇيرۇقىدا مىدىر ـ سىدىر قىلماي چىڭ يېپىشىپ تۇرۇپتۇ.






قاراڭ، كۈچلۈك دېڭىز دولقۇنلىرى ئاستىدىكى دۇنياغا! نېمىدېگەن كۆپ كامارلار - بۇ! توپ - توپى بىلەن ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىجانلار شۇنچىلىك چىرايلىق بولۇپ، ھەر خىل رەڭدىكى سىزىقچىلىرى، پەيدەك قاناتلىرى كىشىنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلىدۇ. بۇ يەردە يەنە تېخى لەھەڭلەرمۇ بار بولۇپ، ئۆتكۈر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمما كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى يەنىلا چوڭ كىتنىڭ قۇيرۇقىغا چىڭ يېپىشىپ تۇرۇپتۇ.

ئاسمان ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدە. ئۇ شۇنچىلىك ئېگىز، شۇنچىلىك يىراق. ئاسماندا بەزىدە قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرسا، يەنە بەزىدە چاقماقلار چېقىپ، ئۇنىڭدىن چىققان نۇر قاپقاراڭغۇ ئاسماندا بىر يورۇپ بىر ئۆچۈپ كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى بىلەن چوڭ كىتنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئاپتۇ.





www.uyghurkitap.com






ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى بىردە ئاسمانغا، بىردە دېڭىزغا، بىردە قۇرۇقلۇققا قاراپ بۇ ئاجايىباتلارنى كۆرۈپ ئۆلگۈرەلمەي قاپتۇ.


دېڭىز ساھىلىغا، دېڭىز دولقۇنىغا، ئۆڭكۈرلەرگە قاراپ ـ قاراپ تويماپتۇ. بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭغا شۇنچە قىزىقارلىق تۇيۇلۇپتىكى. ئۇ چوڭ كىنتقا: «شۇ تاپتا مەن ئۆزۈمنى شۇنچىلىك كىچىك ھېس قىلىۋاتىمەن» دەپتۇ.




ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمما، بىركۈنى چوڭ كىت يولدىن ئېزىپ قاپتۇ.

دېڭىزدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن كاتىرلارنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازىدىن چوڭ كىتنىڭ دىققىتى بۆلۈنۈپ، بىلىپ - بىلمەي دېڭىز قولتۇقىغا كىرىپ قاپتۇ.





بۇ، دەل دېڭىز سۈيىنىڭ پەسىيىشىگە ئۇدۇل كېلىپ قاپتۇ...


www.uyghurkitap.com

چوڭ كىت دېڭىز ساھىلىدىكى تېيىز سۇدا توختاپ قاپتۇ.


«دەرھال دېڭىزغا قايتايلى!» دەپ ۋارقىراپتۇ كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى.

«تېنىم بەك چوڭ بولغاچقا، دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ قالسام مىدىرلىيالمايمەن!» دەپتۇ چوڭ كىت قايغۇرغان ھالدا ئۇھ تارتىپ.

كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى ھەددىدىن زىيادە كىچىك بولغاچقا، ئۇمۇ بۇنىڭغا ئامالسىز قاپتۇ.

«مەن بىر ئامال تاپتىم!» تۇساتتىن كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى شۇنداق دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتۇ ــ دە، دەرھال چوڭ كىتنىڭ قۇيرۇقىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ: «خاتىرجەم بول، مەن چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن» دەپتۇ.







دېڭىز قولتۇقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرسكە كىرىش قوڭغۇ-
رىقى چېلىنىپ، بالىلارنىڭ ھەممىسى دەرسخانىغا قايتىپتۇ.





قولىغا بور ئېلىۋالغان مۇئەللىم: «ساۋاقداشلار، ئورنۇڭلارغا بېرىپ ئول-
تۇرۇڭلار!» دەپتۇ.
بىراق، دوسكىدا تۇرغىنى نېمە نەرسىدۇر؟



www.uyghurkitap.com

ئۇ دەل كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى!

— دېڭىز قۇلۇلىسى، دېڭىز قۇلۇلىسى! — باللار ھەيرانلىقتىن چۇرقۇرىشىپ كېتىپتۇ، — ئۇ تېخى دوسكىغا خەت يېزىپتۇ، قاراڭلار!

قاراڭ، كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى ئۆزىنىڭ شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى بىلەن كۇمۇش رەڭدە مايماق ـ سايماق قىلىپ مۇنداق بىر نەچچە خەتنى يېزىپتۇ: «كىتنى قۇتقۇزىۋېلىڭلار!»



www.uyghurkitap.com



باللار دەرسخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، بۇ ئىشنى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە مەلۇم قىپتۇ.




كۆپچىلىك ئەڭ تېز سۈرئەتتە دېڭىز بويىغا يېتىپ كەپتۇ.

ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى چوڭ كىتنى چۆرىدەپ كۆلچەك
كولاپتۇ هەم چوڭ كىتقا توختىماستىن سۇ چېچىپ تۇرۇپتۇ.




ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بۇ چاغدا دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلۈپ دېڭىز قولتۇقىغا يامراپ كىرىپتۇ.



شۇنداق قىلىپ چوڭ كىت بىلەن كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى خەتەردىن قۇتۇلۇپتۇ، كۆپچىلىك ئۇلارنى قىزغىن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ: «خەير - خوش، خەير - خوش!»





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چوڭ كىت بىلەن كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى ئۇلارغا ئۆزلىرى-
نىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. يەنە تېخى
رەڭگارەڭ مارجان ئۆڭكۈرلەرنى، پارقىراپ تۇرغان مۇزلۇقلار-
نى، ئۆركەشلەپ تۇرغان دولقۇنلارنى، كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇز-
لارنى، شۇنداقلا كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى يازغان مايماق -
سايماق خەتلەرنىڭ چوڭ كىتنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنىمۇ
سۆزلەپ بېرىپتۇ.



چوڭ كىت قۇيرۇقىنى سوزىشىغا،
كىچىك دېڭىز قۇلۇلىرى بىردىن - بىردىن
ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا يامىشىپ چىقىشقا
باشلاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

بۇ كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 6 ـ ئاي 5 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆美术摄影出版社 2013 年 5 月第 1 版，2014 年 6 月第 5 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: يۇ ۋېنشېڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىنا دىلمۇرات
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلشات مەمەت

قايتا تەكشۈرگۈچى: روشەنگۈل تۇرسۇن
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئەنۋەر قۇتلۇق
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# كىچىك دېڭىز قۇلۇلىسى بىلەن چوڭ كىت

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت

---


نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى　شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى غەربىي قاراماي كوچىسى 1100 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830091
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنمېي سارىيى مەدەنىيەت تارانقۇ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1194 × 889 مىللىمېتىر، 1/16　باسما تاۋىقى: 2
نەشرى: 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى　بېسىلىشى: 2017 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 5469 – 7834 – 5　باھاسى: 10.00 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu–book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


ISBN 978-7-5469-7834-5
9 787546 978345 >
定价：10.00元



دۇدۇ سەرخىل كىتابلىرى
dudu
www.dudu-book365.com